# باياۋاندىن باشلانغان يول



قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

# باياۋاندىن باشلانغان يول



( ئاقسۇدىكى بىر قىسىم داڭلىق شەخسلەر ھەققىدە
يېزىلغان ئەدەبىي ئاخباراتلار )

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇرېشىت بارات ئۇيغاق

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

从荒漠起头的道路/阿布都热西提·巴拉提整理.
喀什:喀什维吾尔文出版社,2006.2
ISBN 7—5373—1473—X

Ⅰ.从… Ⅱ.阿… Ⅲ.报告文学—作品集—中国
—当代—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.I25

中国版本图书馆CIP数据核字(2006)第007767号

责任编辑:古丽巴哈尔·麦麦提依明
责任校对:坎拜尔古丽·吾斯曼

# 从荒漠起头的道路

阿布都热西提·巴拉提整理

---

喀什维吾尔文出版社出版发行
(喀什市塔吾古孜路14号　邮编844000)
各 地 新 华 书 店 经 销
喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷
880×1230毫米　1/32开本10.75印张1插页
2006年2月第1版　2006年2月第1次印刷
印数1——　2080　定价:20.00元

مەسئۇل مۇھەررىرى: گۈلباھار مۇھەممەتئىمىن
مەسئۇل كوررېكتورى: قەمبەرگۈل ئوسمان

باياۋاندىن باشلانغان يول
(ئەدەبىي ئاخباراتلار)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇرېشىت بارات ئويغاق

---

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(قەشقەر شەھىرى تاربوغۇز يولى 14 - قورۇ، پوچتا نومۇرى: 844000)
جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1230×880 مم، 1/32
باسما تاۋىقى: 10.75 قىستۇرما ۋارىقى: 1
2006 - يىل 2- ئاي 1- نەشرى
2006 - يىل 2- ئاي 1- بېسىلىشى
تىرازى: 1 —— 2080

---

ISBN7 — 5373 — 1473 — X
باھاسى: 20.00 يۈەن



ئابدۇرېشىت بارات ئويغاق

此为试读，需要完整PDF请访问： www.ertongbook.com

# مۇندەرىجە


تارىم ئوغلى ........................ 1

مۇنداقمۇ ئانا مېھرى بار ........................ 24

باياۋاندىن باشلانغان يول ........................ 35

مۇزات ئوغلانى ........................ 51

ئارمانلار چېچەكلەيدۇ ........................ 65

تۇلپار مەڭگۈ كىشنەيدۇ ........................ 74

ئاق يول بولسۇن چىمەنگۈل ........................ 83

لۇتپۇللا ئەپەندى، ئىبادەت خانىم ۋە «يېڭى خۇشناۋا» ........ 90

«قىرلىق ئىستاكان» دىكى «مېھمان» ئابدۇرېشىت ئىمىن ...... 105

مەرىپەت ۋە ئەقىدە ........................ 133

يول ماڭغانچە ئېچىلىدۇ ........................ 157

دېڭىز بويىدىكى تۇغقانلار ........................ 191

مەن ئۆزۈمگە مەڭگۈ يۈز كېلەلەيمەن ........................ 204

مۇزات ۋادىسىدىكى مېيىپ مىليونېر ........................ 229

تۆمۈر چوققىدىكى توزۇماس گۈل ........................ 237

ئۇ ھامان سەپنىڭ ئالدىدا ........................ 245

نۇرلىنىۋاتقان «نۇر بۇلاق» ........................ 254

شەرەپ قۇچقان ئوت يۈرەك باغۋەن ........................ 261

«يار ئۇستى» دە جۇلالانغان مەرىپەت بۆشۈكى ........................ 267

جەننەت — ساخاۋەت ئىشىكىنىڭ بوسۇغىسىدا ........................ 276

سىزنىڭچە... ........................ 287

سىزنىڭچە ... ........................ 295

سىزنىڭچە... ........................ 310

سىزنىڭچە ... ........................ 314

چاقچاق بىلەن ئۆتكەن ھايات ........................ 325

# تارىم ئوغلى

## — ئاقسۇ شەھىرى ئايكۆل بازىرىنىڭ كادىرى ئەمەر ئىمىن توغرىسىدا

### ۋېيى يوڭگوي، گوڭ شىجى، ۋاڭجى

ھەيۋەتلىك تەڭرىتېغى ئېتىكىدە، ئۆزۈنغا سوزۇلغان تارىم دەر-ياسى بويىدا، مەشھۇر تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ شىمالىي گىرۋىكىدە بىرگۈزەل، باي بوستانلىق بار، ئۇ بولسىمۇ دۇنيادىكى ئالتە چوڭ مەدەنىيەتنىڭ ئۇچرىشىش نۇقتىسى، كۆسەن مەدەنىيىتىنىڭ ئاپىرىدە بولغان جايى قەدىمىي يىپەك يولىدىكى مۇھىم ئۆتەڭ — ئاقسۇ. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيان ئاقسۇدىكى ھەر مىل-لەت خەلقى ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۆزلۈكسىز تۈردە يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، بۈگۈنكى كۈن-دە تارىم دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىدا ئاجايىپ ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى.

2004- يىل 8- ئاينىڭ ئاخىرىدا ئاقسۇ شەھىرىدىن 30 كىلومې-تىر يىراقلىقتىكى ئايكۆل بازىرىدىكى مەلۇم دىنىي زاتتىن كەلگەن بىر پارچە خەت پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ ئۈستەلىگە قويۇل-دى. ھېلىقى كىشى خېتىدە ئاساسىي قاتلام كادىرى ئەمەر ئىمىن ۋە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتىنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا كۆز

قاراشنى ئۆزگەرتىپ، هالال ئەمگىكىگە تايىنىپ بېيىغانلىقى، كەنت-تىكى باشقا يۇرتداشلارنىڭمۇ ئۆزىگە ئوخشاش قاراشنى ئۆزگەرتىپ، بېيىش يولىغا قاراپ ماڭغانلىقى، ئۇنىڭ دېھقانلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشىغا ياردەم بېرىۋاتقان كادىرلارغا چىن قەلبىدىن: «تەشكىلات خىزمىتى كادىرلىرى بەك ياخشى ئىكەن» دېگۈسى بارلىقى ئېيتىلغانىدى. خەتتە تەسۋىرلەنگەن ئەمەر ئىمىننىڭ تەسىرلىك ئىش-ئىزلىرى مەركەز رەھبەرلىرىنى تەسىرلەندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى.

11- ئاينىڭ 6 - كۈنى مۇخبىر ئايكۆل بازىرىغا كېلىپ، ئاممىنىڭ هاياتى، مال - مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئىككى قېتىم سۇغا سەكرەپ چۆشۈپ ئادەم قۇتقۇزغان، ئىككى قېتىم ئۆز بەدىنى ئارقىلىق يار ئېلىپ كەتكەن توسمىنى توسۇۋالغان، تۆت قېتىم ئوت دېڭىزىغا ئېتىلىپ كىرىپ، ئاممىنىڭ چوڭقۇر هۆرمىتىگە ئېرىشكەن ئەمەر ئىمىننى كۆردى. ئەمەر ئىمىن بۇ يىل 40 ياشقا كىرگەن بولۇپ، ئايكۆل بازارلىق پارتكومنىڭ تەشكىلات خىزمىتى كادىرى. ئۇ ئوتتۇرا بوي، يۈزى يۇمىلاق، خۇش چىراي ئادەم بولۇپ، كىيىنىشى تولىمۇ ئاددىي ئىدى. مانا مۇشۇنداق ئاددىي ئاساسىي قاتلام كادىرى ئۆزىنىڭ نەمۇنىلىك هەرىكىتى ئارقىلىق تارىم دەريا ۋادىسىدا دەۋرنىڭ قەھرىمانلىق كۈيىنى ياڭراتتى.

**«بىز پارتىيىلىك كادىرلار خەتەرلىك پەيتلەردە ئوتتۇرىغا چىقمىساق، ئامما بىزنى ئېتىراپ قىلامدۇ؟»**

ئەمەر ئىمىن ئۈستىدە سۆز ئېچىلغاندا ئۇنى پىششىق بىلىدىغان كىشىلەرنىڭ هەممىسى: «ئۇ هالقىلىق پەيتتە ئوتتۇرىغا سەكرەپ چۈشەلەيدىغان ياخشى كوممۇنىست، ياخشى كادىر» دېيىشىدۇ. 2003-يىل 6- ئايدا ئايكۆل بازىرى شىخىل كەنتىدىكى بىر دېھقاننىڭ قورۇسىدا بىر كىچىك بالا سەرەڭگە يېقىپ ئويناپ ئېھتىياتسىزلىقتىن

قورۇدىكى ئوتۇنخانىغا ئوت كېتىدۇ، ئوتۇنخانىنىڭ ئىچىدە لىق ئوت-چۆپ، ئۆگزىسىدە ئادەم بويى ئېگىزلىكتە قومۇش دۆۋىلەكلىك بولۇپ، هايت - هۇيت دېگۇچە ئوت ئۇلغىيىپ بەش - ئالتە مېتىر ئېگىزلىككە كۆتۈرۈلىدۇ. هايال ئۆتمەي ئوتۇنخانىنىڭ يېنىدىكى بىرنەچچە تۈپ دەرەخمۇ ئوت يالقۇنىدا چاراسلاپ كۆيۈشكە باشلايدۇ. بۇ چاغدا ئۆي ئىگىسى ئۆيدە يوق بولۇپ، ئەتراپتىكى قوشنىلار بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئوت ئۆچۈرگىلى كېلىدۇ. بىراق، ئوت ناهايىتى ئۇلۇغ بولغانلىقتىن، نۇرغۇن سۇ چېچىلغان بولسىمۇ هېچقانداق ئۈنۈمى بولمايدۇ.

شۇ ئەسنادا تۇيۇقسىز بىر دېهقان: «ئۆيدە ئىككى بالا بار ئىدى، مەن ئۇلارنىڭ چىققىنىنى كۆرمىدىم ، ئۇلار ئۆيدە سولىنىپ قاپتۇ···» دەپ ئەنسىز ۋارقىرايدۇ. كۆپچىلىك جىددىيلىشىپ بالىنى قۇتقۇزۇشقا تۇتۇنىدۇ. بىرنەچچە ياش كىگىزنى هۆل قىلىپ ئۇستىگە يېپىنىپ ئۆيگە كىرمەكچى بولىدۇ. بىراق، ئوت ناهايىتى شىددەتلىك كۆيۈۋاتقاچقا ئۆيگە كىرىشكە زادىلا مۇمكىن بولمايدۇ. دەل شۇ چاغدا ئەمەر ئىمىن يېتىپ كېلىدۇ. ئۇ ئىككى بالىنىڭ ئۆيدە سولىنىپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ، گەپ - سۆز قىلماستىن سۇغا چىلانغان بىر كىگىزنى ئۇستىگە يېپىنىپ ئۆيگە ئېتىلىپ كىرىدۇ.

بىرىنچى قېتىم ئۆيگە كىرگەندە ئەمەر ئىمىن بالىنى تاپالمايدۇ. «شۇ چاغدا گېلىمغىمۇ ئوت كىرىپ كەتكەندەك هېس قىلدىم، بەدىنىم كۆيۈشۈپ ئاغرىدى، نەپەس ئېلىشىمۇ تەسكە چۈشتى» دەيدۇ ئەمەر ئىمىن. ئۇ ئوت ئىچىدە تۇرالماي قايتىپ چىقىپ چوڭقۇر بىر تىنىۋالغاندىن كېيىن، يەنە ئوت ئىچىگە شۇڭغۇپ كىرىپ كېتىدۇ.

بالا قۇتقۇزۇپ چىقىلىدۇ. بىراق، ئەمەر ئىمىن بالىنى قۇچىقىغا ئېلىپ كۆتۈرۈپ چىققاندا بالىنىڭ ئاللىقاچان نەپەستىن توختىغانلىقى مەلۇم بولىدۇ.

تاكى بۈگۈنگە قەدەر، ئەمەر ئىمىن يەنىلا بۇ ئىشقا ئۆكۈنىدۇ: «ناۋادا ئۇلارنى بالدۇرراق تاپالىغان بولسام، ئۇلار قۇتۇلۇپ قالغان

بولار ئىدى، ئۇلار تېخى ئەمدىلا ئىككى - ئۈچ ياشقا كىرگەن باللار ئەمەسمىدى... »

2002- يىلى 6 - ئاينىڭ ئاخىرى، ئەمەر ئىمىنىنىڭ ئۆز هاياتى- نىڭ بىخەتەرلىكى بىلەن هېسابلاشماي ئوت ئۆچۈرگەنلىك توغرىسىدى- كى خەۋىرى تارقالدى. بۇ چاغدا ئۇ ئەمدىلا بازارلىق پارتكومىنىڭ تەشكىلات كادىرى بولۇپ يۆتكەلگەنىدى.

كۆنچى مەھەللىسىنىڭ ئىككى گۇرۇپپىسىدىكى خامانغا يىغىلغان بۇغداي ئۆنچىسىگە كېچىدە تۇيۇقسىز ئوت كەتكەن بولۇپ، بۇ چاغدا ئەمەر ئىمىن ئورگان نۆۋەتچىلىكىنى قىلىۋاتقاچقا، ئوت كەتكەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلاپ جىددىي سىگنال بېرىش ئۈسكۈنىسىنى ئېلىپ يەنە بىر خىزمەتچى بىلەن موتسىكلىتقا مىنىپ كۆنچى مەھەللىسىدىكى خامانلىققا يېتىپ كېلىدۇ. بىز بۇ جايغا كەلگەنىدە ئەمەر ئىمىنىنىڭ يۈز- كۆزى ئىسلىشىپ تونۇغۇسىز بولۇپ كەتكەن بولۇپ، ئۇ بىر تەرەپتىن ئۆنچىلەرنى قۇچاقلاپ توشۇسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنلۇك توۋلاپ كەنتتىكىلەرنى ياردەمگە چاقىرىۋاتاتتى. ئايكۆل بازارلىق پارت- كوم شۇجىسى فاڭ جىن:

— ئۈچ يېرىم سائەتلىك جىددىي ئېلىشىش ئارقىلىق 200 مو يەرنىڭ بۇغداي ئۆنچىسى قۇتقۇزۇۋېلىندى، — دېدى. شۇنىڭغا ئۇلاپلا ئەمەر ئىمىن يانچۇقىدىن 200 يۈەن پۇل چىقىرىپ زىيانغا ئۇچرىغۇچى كىشىلەرگە تارقىتىپ بەردى.

1996 - يىلى 6- ئايدا پارتىيىگە قوبۇل قىلىنغىنىغا بىر يىل بولغان ئەمەر ئىمىن مۆلدۈردىن مۇداپىئەلىنىش ئەترىتىنىڭ باشلىق- لىقىغا سايلاندى. بىر كۈنى چۈشتە ئۇ ئىككى خىزمەتدىشى بىلەن پونكىت دىجورنىخانىسىدا مەشىق رەتلەۋاتقاندا، تۇيۇقسىز 200 — 300 مېتىر يىراقلىقتىكى ئاۋات ئۆستىڭى تەرەپتىن «قۇتقۇزۇڭلار! بىر بالا سۇغا چۈشۈپ كەتتى! » دېگەن ئەنسىز ئاۋاز يېتىپ كەلدى.

ئاۋات ئۆستىڭىنىڭ كەڭلىكى 20 مېتىر، چوڭقۇرلۇقى 8 مېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، ئىككى قىرغىقى تىك بولغانىنىڭ ئۈستىگە، ئۆستەڭ

سۇيى تەڭرىتېغىدىكى قار ـ مۇزلارنىڭ ئېرىشىدىن ئېقىپ كەلگەچكە، مەيلى قىش، مەيلى ياز سۇڭگەكتىن ئۆتكۈدەك سوغۇق ئىدى، شۇڭا ئەتراپتىكىلەر ئەزەلدىن بۇ ئۆستەڭدە كىر يۇمايتتى، سۇغا چۈشمەيتتى. ئەمەر ئىمىن «قۇتقۇزۇڭلار» دېگەن ئەنسىز ئاۋازنى ئاڭلاپ ئۆستەڭگە يېتىپ كەلگەندە، سۇغا چۈشۈپ كەتكەن كىچىك بىر قىز ئۆستەڭدە بىر چۆكۈپ، بىر لەيلەپ، بارغانچە يىراقلاپ كېتىپ بارماقتا ئىدى. قىزچاق شۇ ئاققىنىچە كۆۋرۈككە يېقىنلاشتى، كۆۋرۈكتىن 80 مېتىر يىراقلىقتا سۇنىڭ ئېقىشىدىن شەكىللەنگەن خەتەرلىك بىر قاينام بولۇپ، ھەرقانداق جانلىقلار بۇ قايناملغا چۈشۈپ كەتسە جېنىدىن ئايرىلاتتى. دەل مۇشۇنداق شارائىتتا ئەمەر ئىمىن ھاياتى بىلەن ھېسابلاشماي، 8 مېتىر ئېگىزلىكتىكى كۆۋرۈكتىن سۇغا سەكرەپ ئۆزگە قاراپ ئېقىپ كېلىۋاتقان قىزنى تۇتۇۋالدى. ئەمەر ئىمىن قىزنى كۆتۈرۈپ قايناملغا يېقىن كەلگەندە سۇنىڭ سوغۇقلۇقىدىن بولالماي قالدى، دەل شۇ پەيتتە مۆلدۈرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئەترىتىنىڭ ئىككى نەپەر خادىمى يېتىپ كېلىپ ئۇلارنىڭ ھاياتى قۇتقۇزۇپ قېلىندى.

بۇ ئىش يۈز بېرىپ سەككىز يىلدىن كېيىن، قىزنىڭ 78 ياشلىق بوۋىسى ئىبراھىم شۇ ۋاقىتتىكى ئىشلارنى ئەسكە ئېلىپ كۆزگە ياش ئالغان ھالدا: «قىزىمنى كىم قۇتقۇزۇۋالدى؟ ئەمەر ئىمىن، بىز بۇنداق ياخشى خىسلەتلىك ئادەمگە نېمە دەپ رەھمەت ئېيتىشىمىزنى بىلەلمەيۋاتىمىز» دېدى.

2002- يىل 4- ئاينىڭ بىر كۈنى كېچىسى بىر دېھقان يېرىنى ئۇسا قىلىۋاتقاندا ئايكۆل ئۆستىڭى يار ئېلىپ كېتىپ، 10 نەچچە مېتىرغا كېڭىيىپ ئەتراپتىكى كەنتلەر خەۋپكە دۇچ كەلدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ئەمەر ئىمىن دەرھال بازار رەھبەرلىكىگە دوكلات قىلىپ قويۇپ، كەتمىنىنى مورىسىگە ئېلىپ يۈگۈرگىنىچە يار ئېلىپ كەتكەن جايغا يېتىپ كەلدى. بازار كادىرلىرى ۋە دېھقانلار توپا توشۇپ يارنى ئېتىشكە باشلىدى، ئەمەر ئىمىن ئۆز بەدىنى بىلەن سۇنى



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com

توسۇپ ئېغىزنىڭ ئېتىلىشىگە ئاسانلىق ياراتتى. ئايكۆل بازىرىدا 11 يىلغا يېقىن ئىشلەپ مۇئاۋىن شۇجى بولغان ياڭ جاڭ:

— ئۇ چاغدا مېنىڭمۇ كۆزۈمدىن ياش ئېقىپ كەتتى. سۇ ھەقىقەتەن سوغۇق، مۇز پارچىلىرى تېخى ئېرىپ بولالمىغان ئەھۋالدا، ئاسانلا مېيىپ بولۇپ قېلىش خەۋپى تۇغۇلىدۇ،— دېدى. بىر دېھقان:

— ئەمەر ئىشتىنىنى سېلىۋېتىپ سۇغا سەكرىدى، سۇنىڭ سوغۇقلۇقى خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقمىدى، ئۇ مېنىڭ سۇغا كىرىشىمنى رەت قىلىپ، توپا ئۇلگۈرتۇپ بېرىشىمنى ئېيتتى،— دېدى.

كەنت كادىرلىرىمۇ ئۇنىڭدىن تەسىرلىنىپ سۇغا سەكرەپ بەزىلىرى قوزۇق قاقسا، بەزىلىرى توپا توشۇپ، قۇم خالتىسىنى ئېلىپ كېلىپ بىر سائەتكە يېقىن كەسكىن ئېلىشىش ئارقىلىق، يار ئېلىپ كەتكەن جاي ئېتىۋېلىندى. ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان دېھقانلار ئىسسىق چاي، نان ئېلىپ كېلىپ كادىرلارغا سۇندى. كادىرلار ئاممىنىڭ بۇ ئىلتىپاتىدىن تەسىرلىنىپ كۆز يېشى قىلىشتى. كىشىلەر جىددىي، قىيىن ئىشلارغا دۇچ كەلسىلا ئالدى بىلەن ئەمەر ئىمىنىنى ئويلايدۇ. ئايكۆل بازىرىدا ئەمەر ئىمىنىنىڭ «ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ئەترەت ئەزاسى» دېگەن نامى بارى.

2003- يىل 3- ئايدا ئايكۆل بازىرى 900 مىڭ تۈپتىن كۆپرەك چىلان كۆچىتى سېتىۋالدى. كۆچەتنى تىكىشكە يەنە بىر مەزگىل ۋاقىت بولغاچقا، ئۇنى زىيانغا ئۇچراتماي ياخشى ساقلاشقا توغرا كېلەتتى. بۇنىڭغا خىزمەتنى ھەقىقىي ئىشلەيدىغان بىر كىشىنى مەسئۇل قىلىش زۆرۈر ئىدى. بازار رەھبەرلىرى بۇ ئىشتا يەنىلا ئەمەر ئىمىنىنى تاللىدى. ئۇ ۋەزىپىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، دەرھال ئائىلىسىگە بېرىپ يوتقان - كۆرپە ۋە تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ئېلىپ كېلىپ، كۆچەتنىڭ ئۈستىگە يېپىپ، 40 كۈندىن ئارتۇق ساقلىدى.

«بىزنىڭ بۇ يەردە كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى زور، شۇنچە كۆپ كۆچەتلەرنى ساقلاش ئۈچۈن كۈندۈزلىرى ئۈستىنى

چۈمكەپ، كېچىلىرى شامال ئۆتكۈزۈشكە، يەنە ھەر كۈنى ئۈچ قېتىم سۇ چېچىپ نەملىكىنى ساقلاشقا توغرا كېلەتتى. لېكىن، ئەمەر ئىمىن ئاۋارىچىلىكتىن قورقماي بۇ ئىشلارنى ناھايىتى ياخشى قىلدى» دېدى بازارنىڭ ئورمانچىلىق ئىشلىرى خادىمى قۇربان ئىمىن. كۆچەت- لەر 40 كۈندىن ئارتۇق ساقلانغان بولسىمۇ، ھەممىسى خۇددى ھازىر- لا يۆتكەپ كەلگەندىكىگە ئوخشاش ياخشى تۇردى.

ئەمەر ئىمىن 2001- يىل 8- ئايدا خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن ئېلېكترونلۇق تەربىيىلەش خادىمى بولۇپ قالدى. «ئىلگىرى بەزى كەنتلەرنىڭ ئېلېكترونلۇق تەربىيىلەش خىزمىتى ياخشى ئىشلەنمىگە- نىدى، بۇنىڭدا ئاساسلىقى دېھقانلار ياخشى كۆرىدىغان يەن - تېخنىكىغا ئائىت فىلىملەر ناھايىتى ئاز ئىدى. بەزىدە كەنتتىكى پارتىيە ئەزالى- رى تەربىيىلەش پائالىيىتىگە قاتناشمايدىغان ئەھۋاللار مەۋجۇت ئىدى. ئەمەر ئىمىن بۇ خىزمەتكە مەسئۇل بولغاندىن كېيىن، ھەر قېتىم كەنتكە كېلىپ ئېلېكترونلۇق تەربىيىلەش فىلىملىرىنى قويغاندا پار- تىيە ئەزالىرىغا بىر - بىرلەپ ئۇقتۇرۇش قىلىپ، پارتىيە ئەزالىرىنى ئېلېكترونلۇق تەربىيىلەش فىلىملىرى بىلەن يەن - تېخنىكا بويىچە تەربىيىلەش فىلىملىرىنى ئۆزئارا كىرىشتۈرۈپ قويۇش ئۇسۇلىنى قوللاندى. نەتىجىدە بۇنى پارتىيە ئەزالىرى تولۇق كۆرۈپلا قالماي، نۇرغۇنلىغان دېھقانلارمۇ قىزىقىپ كۆرىدىغان بولدى» دەيدۇ قوشئې- رىق كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى مەھەممەت داۋۇت.

ھاسا كەنتىدە ئىسمائىل موللا ئىسىملىك 84 ياشلىق بىر پېشقە- دەم پارتىيە ئەزاسى بولۇپ، ئۇ، كەنتتىكى ئېلېكترونلۇق تەربىيە- لەش خىزمىتىنىڭ دېھقانلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلايدۇ. كېسەل سەۋەبىدىن ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان بۇ بوۋاي- نىڭ ئېلېكترونلۇق تەربىيىلەش فىلىمىنى كۆرۈش ئارزۇسى بارلىقى- نى بىلگەن ئەمەر ئىمىن بوۋاينىڭ ئۆيىگە تەربىيىلەش ئۇسكۈنىسى ۋە فىلىملەرنى ئېلىپ بېرىپ، ئۇنىڭغا بىر تەرەپتىن فىلىمنى قويۇپ بېرىپ، بىر تەرەپتىن چۈشەندۈرىدۇ. بوۋاينىڭ يۈزىدە مەمنۇنلۇق

تەبەسسۇمى جىلۋە قىلىدۇ.

دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، 2003- يىل 8- ئايدا ئايكۆل بازىرى 180 كىشىنى شىمالىي شىنجاڭدىكى يېزا ئىگىلىك 12- دىۋىزىيىسىنىڭ سەنپىڭ دېھقانچىلىق مەيدانىغا بېرىپ پەمىدۇر تېرىشكە ئورۇنلاشتۇرىدۇ. ئەمەر ئىمىن بىلەن قۇربان ئىمىن ئۇلارغا مەسئۇل قىلىنىدۇ، ماڭىدىغان چاغدا ئەمەر ئىمىن 2700 يۈەن پۇل ئېلىۋالىدۇ. ئايالى ئۇنىڭدىن:

— بۇنچە كۆپ پۇل ئېلىۋېلىپ نېمە قىلىسىز، — دەپ سورىغان-دا، ئەمەر ئىمىن:

— ئادەم شۇنچە كۆپ تۇرسا، كۆپرەك ئېلىۋالمىسام بولامدۇ؟ — دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

سەنپىڭ دېھقانچىلىق مەيدانىغا بارغاندىن كېيىن بىر قىسىم دېھقانلار تۇنجى قېتىم ئۆيدىن ئايرىلىپ يىراققا بارغانلىقتىن، يېمەك-ئىچمەك، ھاۋا كىلىماتى، ئەمگەك شەكلى قاتارلىقلارغا كۆنەلمەي، قايتىپ كەتمەكچى بولغاندا، ئەمەر ئىمىن «تاماكاڭلار بولمىسا مەن ئېلىپ بېرەي، تاماق يارىمىغان بولسا مەن ئېتىپ بېرەي، بۇ يەرگە كەلگەن ئىكەنمىز ئازراق پۇل تېپىپ كەتمىسەك بولماس» دەپ نەسىھەت قىلىدۇ ھەمدە ئۆزى تاماقلارنىڭ تەمىنى تەڭشەپ، ئۆزى تاماق راسلايدۇ. ئاغرىقنى ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناشقا تەشكىللەپ، زېرىكىشلىكنى تۈگىتىدۇ. ئاغرىپ قالغانلارغا دورا ئېلىپ بېرىدۇ...

ئەمەر ئىمىن ئېلېكترونلۇق تەربىيىلەش خادىمى، تەشكىلات كادىرى بولۇپ، ئىلگىرى - كېيىن ئالتە قېتىم خىزمەت ئورنى ئالماشقان بولۇپ، ھەرقايسى خىزمەت ئورنىدا ئەمەر ئىمىننىڭ ياخشى ئىش- ئىزلىرى چاقناپ تۇرىدۇ.

## «يۇرتداشلارنىڭ تۇرمۇشى ياخشىلانسىلا، بىز كادىرلار-نىڭ كۆڭلى ئارام تاپىدۇ»

ئاقسۇ شەھىرىنىڭ ئايكۆل بازىرى تەگرىتاغلىرىنىڭ تارمىقى

بولغان قاراتاغ ئېتىكىگە جايلاشقان. يەر شەكلى ئويمان بولغانلىق-تىن، بازاردا كۆل كۆپ، ئۇنىڭ ئىسمىدىنلا بۇ خىل ئالاھىدىلىك چىقىپ تۇرىدۇ. گەرچە بۇ يەردە سۇ كەمچىل بولىسمۇ، تۇپراقنىڭ شورلىششى ئېغىر بولغانلىقتىن، پۈتۈن بازاردىكى تېرىلغۇ يەرلەر-نىڭ كۆپىنچىسى ئوتتۇرا، تۆۋەن ھوسۇللۇق بولۇپ، بازاردىكى 35 مىڭ نوپۇسقا ئاران ئىككى مودىن توغرا كېلىدۇ. ئادەم كۆپ، يەر ئاز بولغانلىقتىن، كەسىپ قۇرۇلمىسى بىر خىللىشىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئېغىر دەرىجىدە چەكلەپ قويغان.

«پەقەت دېھقانلار باي بولغاندىلا، يېزىلاردا ئۇزاق مۇددەتلىك مۇ-قىملىق ئەمەلگە ئاشىدۇ.» 2002-يىلى ئەمەر ئىمىن ئاقسۇ شەھىرى-دىكى ئالدىن بېيىغان قاراتال بازىرىغا ئىش بېجىرگىلى بېرىپ، ئۇ يەردىكى بەزى دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ بىردىن چوڭ - كىچىك تراكتورى بولۇپلا قالماي، ئۆيلىرىنى يېڭىلاپ سالغانلىقىنى، پىكاپ سېتىۋېلىپ باياشات ياشاۋاتقانلىقىنى كۆردى.

«ئۇلار بىزگە قارىغاندا شەھەرگە تېخىمۇ يىراق، ئوخشاشلا يەرگە تايىنىپ تۇرۇپ نېمىشقا بۇنداق بېيىيالىدى؟» ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىش ئارقىلىق، ئۇ شۇنى بايقىدىكى، قاراتال دېھقانلىرىنىڭ پەن-تېخنىكا ئۆگىنىش، ئىشلىتىش قىزغىنلىقى ناھايىتى يۇقىرى ئىكەن.

ئەمەر ئىمىن شۇ چاغدا بازارنىڭ ئېلېكترونلۇق ئوقۇتۇش خىز-مىتىگە مەسئۇل بولۇپ تۇرۇۋاتاتتى. ئۇ بۇ يەردىن ئۆز خىزمىتى بىلەن دېھقانلارنىڭ باي بولۇشىغا ياردەم قىلىشنىڭ بىرلىشىش نۇقتى-سىنى تاپتى ھەمدە ئىلمىي تېرىقچىلىق ئارقىلىق، دېھقانلارنىڭ باي بولۇشىغا ياردەم بېرىپ، يېزا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش قارارىغا كەلدى.

ئۇ تاللىغان تۇنجى دېھقان ھاسا كەنتىدىكى ئەڭ نامرات باتۇر داۋۇت بولدى. 2002- يىلى باھاردا، ئەمەر ئىمىن باتۇر داۋۇتنى كەڭ يوپۇقلۇق قويۇق تېرىش تېخنىكىسىنى قوللىنىشقا ئۈندەپ، ئۆزى پۇل چىقاردى ھەم ئۇنى يۇقىرى ھوسۇللۇق كېۋەز ئۇرۇقى،

كەڭ يوپۇق سىتىۋېلىشقا بۇيرۇدى. بىراق، باتۇر داۋۇت ئۇرۇق ۋە يوپۇقلارنىڭ باھاسىنى قىممەت كۆرۈپ بارغىلى ئۇنىمىدى.

«بىرىپ سىتىۋالغىن، ئەگەر تاپقان پۇلۇڭ بۇلتۇرقىدىن كۆپ بولمايدىغان بولسا، يىل ئاخىرىدا بىرىپ تۇرغان پۇلۇمدىن بىر پۇڭمۇ قايتۇرۇۋالمايمەن» ئەمەر ئىمىننىڭ سۆزى ئاخىر باتۇرنى ھەرىكەتكە كەلتۈردى.

6- ئاينىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە، باتۇرنىڭ كېۋەزلىرى ئادەم-نىڭ زوقىنى كەلتۈرگۈدەك باراقسان ئۆستى. بىراق، غولى ئېگىز بولسىمۇ، غوزىلىمىغانىدى. ئۇ جىددىيلەشتى، ئەمەر ئىمىننى ئىز-دەپ تېپىپ، مەسلىھەت سورىدى. ئەمەر ئىمىن كېۋەزلىكنى كۆرگەن-دىن كېيىن:

— دەرھال بوغۇم قىسقارتىش دورىسى چېچىش كېرەك، — دېدى. باتۇر قوشۇلماي:

— ئۇ نەرسىنى چاچساق كېۋەزلىرىم پاكارلاپ كەتسە، قانچىلىك غوزا تۇتماقچىدى، — دېدى.

ئەمەر ئىمىننىڭ قايتا - قايتا چۈشەندۈرۈشى بىلەن باتۇر تەستە قايىل بولۇپ، سىناق يۈزىسىدىن بىر مو كېۋەزلىككە چېچىپ باقتى. بىر ھەپتىدىن كېيىن، دورا چېچىلغان كېۋەزلەرنىڭ ھەربىر شېخىدا دانە - دانە غوزىلار پەيدا بولدى. بىراق، دورا چېچىلمىغانلىرىنىڭ بويى 10 سانتىمېتىر ئېگىز بولسىمۇ، يەنىلا قۇرۇق ئىدى. ناھايىتى تەستە غوزىلىغانلىرىمۇ ئاستا - ئاستا سارغىيىپ چۈشۈپ كېتىۋاتاتتى.

ئەمەلىيەت ئەڭ ياخشى ئۇستاز. قاتتىق پۇشايمان قىلغان باتۇر دەرھال باشقا كېۋەزلىرىگىمۇ بوغۇم قىسقارتىش دورىسى چاچتى. 7-ئاينىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ئەمەر ئىمىننىڭ دېگىنى بويىچە كېۋەزلىرى-نىڭ ئۇچىنى ئۈزۈپ، كونا يوپۇرماقلارنى تازىلىدى. يىل ئاخىرىدا باتۇر بەش مو كېۋەزدىن 5000 يۈەندىن كۆپرەك كىرىم قىلدى. ئۇ خۇشال بولغان ھالدا كەنتتىكى ئۇچرىغانلىكى كىشىلەرگە:

— يەن - تېخنىكىغا ئىشەنمىگەندە تېخىمۇ چوڭ زىيان تارتىدىغان

— پەن -تېخنىكىغا ئىشەنمىگەندە تېخىمۇ چوڭ زىيان تارتىدىغان گەپكەن، مەن قايىل بولدۇم،— دېدى.

هازىر باتۇر، ئىلمىي تېرىقچىلىق قىلىپ، بىر تراكتور سېتىۋالدى ھەمدە كەنت كادىرى بولۇپ سايلىنىپ، پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ تېرىقچىلىق قىلىشنىڭ قىزغىن تەشۋىقاتچىسىغا ئايلاندى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر ئەمەر ئىمىن بولمىغان بولسا مېنىڭ بۈگۈنۈم بولمىغان بولاتتى.»

ئايكۆل بازىرىدا باتۇردەك ھېسسىياتتىكى كىشىلەر ئاز ئەمەس. چارچى كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ھۆسەن قۇربان ئەنە شۇلارنىڭ بىرى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئەمەر ئىمىن بولمىغان بولسا، چارچى كەنتىنىڭ بۈگۈنى بولمىغان بولاتتى.»

2000- يىلى باھاردا چارچى كەنتىدىكى كۆكتاتچى ئەمەت ھاشىم ئۆزىنىڭ بەش پۈڭ قالدۇرۇق يېرىگە كۆكتات پارنىكى ياسىدى. بىراق، ئىشنى ئەمدى باشلىغاچقا، تېخنىكىلىق باشقۇرۇش تەجرىبىسىنىڭ كەملىكىدىن ھوسۇل ئالالمايلا قالماي، 14 مىڭ يۈەن بىراقلا قۇدۇققا چۈشۈپ كەتتى.

ئەمەر ئىمىن بۇ ئىشنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، مەخسۇس ئەمەتنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، پارنىكتا كۆكتات ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى ھەققىدىكى ئېلېكترونلۇق ئوقۇتۇش فىلىمىنى قويۇپ، بىرلىكتە كۆردى ھەمدە سېلىشتۇرۇپ پىكىر يۈرگۈزۈش ئارقىلىق، مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ چارىسىنى بىر - بىرلەپ تېپىپ چىقتى.

يىل ئاخىرىدا ئەمەت ھاشىمنىڭ كۆكتات پارنىكىدىن ھوسۇل ئېلىنىپ، پايدىسى ئىككى تۈمەنگە يېقىنلاشتى.

2- يىلى چارچى كەنتىدە كۆكتاتچىلىق كەسپى زور كۆلەمدە كېڭەيتىلدى، ھازىر ئەمەت ھاشىمنىڭ كۆكتات پارنىكى تەرەققىي قىلىپ ئالتە موغا يەتتى. كەنتتىكى 270 ئائىلىنىڭ 160 ى كۆكتاتچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىدى. پۈتۈن كەنتتە كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە كىرىم 3700 يۈەندىن كۆپرەككە يېتىپ،



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com